□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

### شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) كەسكىن بايانات ئېلان قىلدى

# شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلەشلىرى ھەممىگە ئايان

ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا «ئىرقىي يوقىتىش» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى» ئۆتكۈزدى دەپ بىلجىرلىدى، بۇ پۈتۈنلەي پاكىتقا كۆز يۇمغان يالغان ـ ياۋىداق سۆز، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئاساسسىز ھۇجۇم قىلغانلىق ۋە قەستەن قارا چاپلىغانلىق، بۇنىڭغا قارىتا، بىز كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈرىمىز ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمىز.

شىنجاڭدا ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئىزچىل سىجىل ئاشتى. ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2010 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، شىنجاڭدا دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇس 21 مىليون 815 مىڭ 800 ئادەمدىن كۆپىيىپ 24 مىليون 867 مىڭ 600 ئادەمگە يەتكەن، 3 مىليون 51 مىڭ 800 ئادەم كۆپىيىپ، 13.99% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە: ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى 10 مىليون 171 مىڭ 500 ئادەمدىن كۆپىيىپ 12 مىليون 718 مىڭ 400 ئادەمگە يەتكەن، 2 مىليون 546 مىڭ 900 ئادەم كۆپىيىپ، 25.04% ئاشقان؛ خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسى 8 مىليون 829 مىڭ 900 ئادەمدىن كۆپىيىپ 9 مىليون 6800 ئادەمگە يەتكەن، 176 مىڭ 900 ئادەم كۆپىيىپ، 2.0% ئاشقان. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپلا قالماي، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولغان. دۇنيادا بۇنداقمۇ نوپۇس يۇقىرى سۈرئەتتە كۆپىيىدىغان «ئىرقىي يوقىتىش» بولامدۇ؟ بىز پومپېئونى شۇنداق كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى، بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى چوقۇم ئېسىڭدە چىڭ ساقلا، پاكىتقا ھۆرمەت قىل، ئەمدى يالغان ـ ياۋىداق سۆز توقۇما!

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدۇ. بىز «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ ئاز ـ كۆپ، تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك باراۋەر بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا باراۋەر قاتنىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ۋە ئۆز رايونى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. شىنجاڭدا بەش ئاپتونوم ئوبلاست، ئالتە ئاپتونوم ناھىيە، 42 مىللىي يېزا تەسىس قىلىنغان. ئاپتونومىيەلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز رايونىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق باراۋەر قانۇنىي ئورۇندىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، تەربىيەلىنىش، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. مەسىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ۋەكىل 64.2%نى ئىگىلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەزا 46.7%نى ئىگىلىدى. بىز پومپېئونى شۇنداق كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى، سەن ھەقىقىي ئەھۋالغا كۆز يۇمساڭ بولىدۇ، ئۆز گېپىڭنى يورغىلاتساڭ بولىدۇ، لېكىن يالغان ـ ياۋىداق سۆز ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرالمايدۇ، يالغان ـ ياۋىداق سۆز مۇقەررەر ئۆز ـ ئۆزىدىن بىتچىت بولىدۇ!

شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۈنۈملۈك قوغدالدى ۋە ۋارىسلىق قىلىندى. بىز ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ئىزچىل قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىدۇق، ۋارىسلىق قىلدۇق ۋە ئەۋج ئالدۇردۇق. ھازىر شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئاساسلىقى ئون خىل تىل ـ يېزىقنى قوللىنىدۇ، ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەردە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، شىبەچە قاتارلىق ئالتە خىل تىل ـ يېزىقتا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، مائارىپ، ئاخبارات ـ نەشرىيات، رادىيو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە، تور قاتارلىق ساھەلەر ھەممىدە كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭ قوللىنىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئۇنى قوغداپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك كىتابلىرىنى پائال توپلاپ، قوغداپ ۋە قۇتقۇزۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان «قۇتادغۇبىلىك»نى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇق، قىرغىز مىللىتىنىڭ «ماناس» داستانى، موڭغۇل مىللىتىنىڭ «جاڭغىر» داستانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ خىل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى رەتلەپ نەشر قىلدۇق، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» داستانى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ «ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئۈنۈملۈك قوغدالدى ۋە ۋارىسلىق قىلىندى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پومپېئو كۆرەلمەيدۇ، ھەم كۆرۈشنى خالىمايدۇ، پەقەت تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپلا ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدۇ، تۆھمەت قىلىدۇ، بوھتان چاپلايدۇ. بىز پومپېئونى شۇنداق كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى، ئەمدى ئاغزىڭغا كەلگىنىچە بىلجىرلىما!

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھۆرمەت قىلىندى ۋە قوغدالدى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش جۇڭگونىڭ بىر تۈرلۈك تۈپ سىياسىتى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارغا ئوخشاش، سىياسىي ھەم ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە باراۋەر ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. بىز دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى ۋە دىنىي ئېھتىياجىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، دىنىي سورۇن ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى كۆچەپ ياخشىلىدۇق، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى تولۇق ھۆرمەت قىلىندى ۋە قوغدالدى. بىز ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايرام، قائىدە ـ يوسۇن، ئۆلۈم ـ يېتىم قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدۇق، مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت پائالىيەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانچە يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى بار مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئۆرپ ـ ئادىتىگە كاپالەتلىك قىلدۇق. شىنجاڭدىكى ئالاقىدار مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى «قۇربان ھېيت» «روزى ھېيت»نى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاممىۋى بايرام قىلىپ بېكىتتۇق؛ تۇپراققا دەپنە قىلىش ئۆرپ ـ ئادىتى بار مىللەتلەرگە مەخسۇس يەر ئاجرىتىپ قەبرىستانلىق قۇرۇپ بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلدۇق. پومپېئو تارقاتقان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۆزلەر دەل ئۆزى توقۇپ، ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلغان يالغان ـ ياۋىداق سۆز. بىز پومپېئونى شۇنداق كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى، بۇ يەردە تۇغۇلۇپ، بۇ يەردە ئۆسكەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق سېنىڭ «كۈنى ئاخىرلىشىش ئالدىدىكى غالجىرلىق»ىڭنىڭ ھەقىقىي غەرىزىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ يەتكەن، سېنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى خام خىيال!

مىڭ ئېغىز يالغان ـ ياۋىداق سۆز بىر پاكىتنى يوشۇرالمايدۇ: ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم بولدى، تەرەققىيات سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىمەكتە. شىنجاڭدا ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈزبەرمىدى. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 919 مىليارد 590 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 1 تىرىليون 359 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.2% ئاشتى. خەلق تۇرمۇشى روشەن ياخشىلاندى، شەھەر، يېزىلارنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى، ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى 99.7%كە يەتتى، ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرۈشتىن بەھرىمەن بولدى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرى سۈرئەتلىك يول دەۋرىگە قەدەم قويدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى.

پاكىت ۋە ھەقىقىي ئەھۋال ئالدىدا، پومپېئونىڭ بىلىسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ، ئۆزى توقۇغان جۇڭگوغا قارشى خىيالىي چۈشكە مەپتۇن بولۇپ ھوشىنى تاپالمىسلىقىدىكى غەرىزى — جۇڭگو شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش. شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد گۈللەنگەن، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتقان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتقان ياخشى ۋەزىيىتى پۈتۈن دۇنيادا ھەممىگە ئايان، بۇنى ھەرگىزمۇ پومپېئو تارقاتقان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. پومپېئو دېگەن بۇ «كۈنى ئاخىرلاشقان چۈپرەندە» جەزمەن تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىدۇ!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پومپېئو تەختتىن چۈشۈش ھارپىسىدا يەنە بىر قېتىم غالجىرلىق بىلەن شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلىپ قارا چاپلىدى، ئۇنىڭ غالجىرلاشقان چۈپرەندىلەرچە تۆھمەت قىلىشى، ئارىلىشىشى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىكى مەقسەت — شىنجاڭنى ئۆزى ئالدىن قۇرغان قىلتاققا دەسسىتىش، خەلقئارا ئاممىۋى پىكىرنى ئۆزىنىڭ تۇزىقىغا سۆرەپ كىرىش، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان سايمان ساندۇقىغا سۆرەپ كىرىش. پومپېئو ئويدۇرۇپ چىقارغان شىنجاڭغا ئالاقىدار يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر كۆپ قېتىم پاكىت تەرىپىدىن بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ تاشلاندى، ئۇنىڭ شەخسىي ئىناۋىتى ئاللىبۇرۇن ئۆزۈل ـ كېسىل بەربات بولغان، ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى يەنە بىر قېتىم دۇنيا ئەھلىگە «يالغان ـ ياۋىداق دىپلوماتىيەنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش»تەك «كۈنى ئاخىرلىشىش ئالدىدىكى غالجىرلىق»نى كۆرسىتىپ بەردى.

شىنجاڭنىڭ مۇقىم، گۈللەنگەن ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە پومپېئونىڭ بوھتان چاپلىشى، قارا چاپلىشىغا يول قويمايمىز. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قانۇن بويىچە قوغدىدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى»«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامى»«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى خىزمىتى نىزامى»«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل ـ يېزىق خىزمىتى نىزامى»«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى» قاتارلىق بىر قاتار يەرلىك قائىدە ـ نىزاملارنى تۈزۈپ ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ باشتىن ـ ئاخىر قانۇنچىللىق يولىدا ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئۆتكەن بىر مەزگىلدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبەرگەن، ئۈزۈلمەي يۈزبەرگەن كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەجرىبىلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، قوبۇل قىلىپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق شەكلىنى قوللىنىپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلدى، بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇپ، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرى يۈزبەرمەي، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تىنچلىق، مۇقىملىققا بولغان ئارزۇسى ۋە ئۈمىدىگە ئۇيغۇنلاشتى. شىنجاڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرگە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭ قانۇن بويىچە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويدى، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى سىجىل ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى بىردەك خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولدى. شىنجاڭ قانۇن بويىچە مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا باراۋەر قاتنىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈردى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى، مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىدى، ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئەۋج ئالدۇردى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈردى، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى. شىنجاڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى ۋە دىنىي ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇردى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى ياخشىلاشقا ياردەم بەردى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي بىلىملەرگە ئېرىشىش يولىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى، ئىسلام دىنى ساغلام، تەرتىپلىك ۋارىسلىق قىلىشقا ئېرىشتى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، ئۇل ئەسلىھەلەر ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىر، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى. 2018 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەمەلدارلىرى، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىم تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 80 نەچچە تۈركۈم ئۆمەك ـ گۇرۇپپىدىكى 1200دىن ئارتۇق ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ، ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ خاتىرجەم ـ ئاسايىشلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق ـ ئىناقلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ئوبيېكتىپ، ئادىل باھا ۋە ئاخبارات خەۋەرلىرىنى ئېلان قىلدى، بۇ، خەلقئارادا نۇرغۇن دۆلەت ۋە بىلىملىك زاتنىڭ تولۇق ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە تەرىپلىشىگە ئېرىشتى.

ھەرقانداق يالغان ـ ياۋىداق سۆز شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى، ئىلگىرىلىگەنلىكىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرالمايدۇ، ھەرقانداق بوھتان چاپلاش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ، ھەرقانداق تۆھمەت شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش مۇساپىسىگە كاشىلا قىلالمايدۇ. پومپېئو شىنجاڭغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ تارقاتقان پىتنە ـ ئىغۋالار دۇنيانى ئالدىيالمايدۇ، جۇڭگوغا قارا چاپلىيالمايدۇ، مۇقەررەر تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە بىللە تاشلىۋېتىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)